سۇپا ھازىرلاش  كۈچلۈك كېپىللىك قىلىش  يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش

# ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇشىنى ھەل قىلدى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈشىيى** خەۋەر قىلدى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش سۇپىسى بەرپا قىلىش، كېپىللىكنىڭ قوزغىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاز سوممىلىق قەرز پۇل بېرىش شىركەتلىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىن تۇتۇش قىلىپ، ئاز سوممىلىق قەرز پۇل، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىكى، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىجارىچىلىكى، گۆرۈ قاتارلىق يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇشىنى ھەقىقىي ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تەشكىللەپ تەتقىق قىلىپ ئاچقان شىنجاڭ ھۆكۈمەت - بانكا - كارخانا پۇل مۇئامىلە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت تاللا بازىرى پات يېقىندا رەسمىي تورغا چىقىرىلدى. «بۇ سۇپىغا بانكا كەسپىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل مەھسۇلاتلىرى ھەم ئىجازەت بوسۇغىسى، بېجىرىش تەرتىپى قاتارلىق ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تۈرلۈك كارخانىلار سۇپىغا چىقىپ، ئۆزى ئېھتىياجلىق پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىزدىسە بولىدۇ، سىستېما كارخانىلارغا ماس كېلىدىغان پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنى ئاپتوماتىك ماسلاشتۇرۇپ، بانكا بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر ماس كەلمەسلىك مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىنىڭ ئاسان بولۇشچانلىقىنى ئۆستۈردى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى فۇ يۇڭچياڭ.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىغا ماسلىشىپ، 300 مىليارد يۈەن مەخسۇس تەكرار قەرز پۇل، 500 مىليارد يۈەن تەكرار قەرز پۇل، تەكرار دىسكونت ۋە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 1 تىرىليون يۈەن تەكرار قەرز پۇل، تەكرار دىسكونت مەخسۇس ئىشلىتىش نورمىسى سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى كرېدىت تارقىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە چېتىشلىق، پۇقراۋى ۋە كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاشقا يېتەكلىدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى جەمئىي 273 مىليارد 111 مىليون يۈەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەرز پۇلى تارقاتتى.

«كېپىللىك كارخانىلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، بانكىلارنىڭ خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم ۋاسىتىسى. مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك كەسپىنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغاندا، كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلغا ئېرىشىشچانلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش 1 - باشقارمىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى لياڭ يۈۋېن. ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 2 - تۈركۈمدىكى ئون مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركىتىنىڭ خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت گۇۋاھلىقى سىستېمىسىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىناۋەت گۇۋاھلىقى ئۇچۇرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قولايلىق ياراتتى؛ ھەم مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركەتلىرىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ئاۋۋال كېپىل بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى، كېپىللىك شىركەتلىرىنى كېپىللىك ھەققىنى ئەسلىدىكى 3% ~ 2%تىن 1.5% ~ 0.5%كە تۆۋەنلىتىشكە ئىلھاملاندۇردى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركەتلىرى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار»غا چېتىشلىق كارخانىلارنى 28 مىڭ 301 قېتىملىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك كەسپى بىلەن تەمىنلىدى.

پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىش كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇشىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر. «پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرى قانچىكى كۆپ خىل بولغانسېرى، پۇل مۇئامىلە يوللىرىمۇ شۇنچە كۆپ مەنبەلىشىپ، كارخانىلارنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى شۇنچە زورىيىپ، ئۆز ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنى ئاسانلا تېپىپ، ئۆزىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پۇل مۇئامىلە تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جياڭ ۋېينىڭ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئاز سوممىلىق كرېدىت سىياسىتىنى يېڭىلىق يارىتىپ ئوتتۇرىغا قويدى، 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، جەمئىي 100 مىڭ 100 يەككە سودا - سانائەتچىگە 5 مىليارد 245 مىليون يۈەن ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە كارخانىلارنى كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىدا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، كارخانىلارنىڭ بانكىلار ئارا بازاردا قەرزدارلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قورالىنى تارقىتىشىنى قوللىدى.

## لىنىيە بازارغا ئەگەشتى توشۇش ئىقتىدارى ئېھتىياجنى چىڭ كۆزلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ ئىچىدە كۆمۈر توشۇشنى زورايتىش بىلەن بىللە، شىنجاڭ تۆمۈر يول تارماقلىرى يەنە شىنجاڭ سىرتىدىكى بازارلارنى پائال كېڭەيتىپ، خېشى كارىدورى، چېڭدۇ - كۇنمىڭ يۆنىلىشىدىكى كارخانىلارنىڭ توشۇش ئېھتىياجىنى نۇقتىلىق كۆزلەپ، نۇقتىدىن نۇقتىغا كۆمۈر توشۇيدىغان مەخسۇس پويىزنىڭ قاتنىشىنى پائال تەشكىللىدى. 5 - ئايدا شىنجاڭ تۆمۈر يولى توشۇغان كۆمۈر 6 مىليون 678 مىڭ 200 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22.04% ئاشتى.

### يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇش

شىنجاڭ تۆمۈر يول تارماقلىرى كۆمۈر توشۇشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، بازارنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ سىجىل ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ قېزىلما بايلىقى مول، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈر يولىنىڭ كۆكتوقاي بۆلىكىدە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئىككى لىنىيەدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن پويىزدا مېتال مىنېرال ماددىلارنى توشۇشنى تەشكىللىدى. ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈر يولىنىڭ كۈچ قوشۇشى بىلەن، 5 - ئايدا، شىنجاڭ تۆمۈر يولى توشۇغان مېتال مىنېرال ماددا 1 مىليون 806 مىڭ 500 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 71.39% ئاشتى.

مېتال مىنېرال ماددىلارنىڭ بازار ئېھتىياجى ئاشقاندىن باشقا، بۇ يىل پاختىغا بولغان ئېھتىياجمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى، شىنجاڭ تۆمۈر يول تارماقلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سالماقنى زورايتىپ پاختا توشۇپ، يۈك توشۇش مىقدارىنى ئاشۇردى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، كۈيتۇن بېكىتىدىن پاختىسى مەخسۇس لىنىيەسىدە، ئۇنىغا يېقىن قىسىپ قاچىلاش ماشىنىسى بىرلا ۋاقىتتا پاختىنى پويىزغا قاچىلاش مەشغۇلاتى قىلىۋاتاتتى. «يېقىنقى مەزگىلدە پاختا توشۇش مىقدارى ئاشتى، بىز پويىزغا قاچىلاش داۋامىدا پويىزلارنى ۋاقتىدا جايىدا تەقسىملەپ، يۈكنىڭ بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولاي توشۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى كۈيتۇن يۈك توشۇش مەركىزى ماركېتىڭ بۆلۈمىنىڭ ماركېتىڭ دىرېكتورى جاڭ يۈ.

بۇ يىل، شىنجاڭ تۆمۈر يولى پۈتۈن مەملىكەتتىكى پاختا سودىسى بازارلىرى، ھەرقايسى ئامبار تەكشۈرۈش ئامبارلىرى، سېتىۋېلىش سودىگەرلىرى، سودىگەرلەر ۋە ئارىلىق ئەشيا ئوبوروتى سودىگەرلىرى بىلەن بولغان چوڭقۇر ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ئامبار تەكشۈرۈش ئامبارلىرىدىكى پاختا خېرىدارلىرىنىڭ توشۇش پىلانى ۋە توشۇش يۆنىلىشىنى ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە ئىگىلەپ، خېرىدارلارنىڭ توشۇپ يەتكۈزۈش ۋاقىت چېكى، تۈركۈم - قېتىمى، مىقدارى قاتارلىقلارغا بولغان ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خېرىدارلارغا ماس كېلىدىغان خاسلاشتۇرۇلغان ئەشيا ئوبوروتى ھەل قىلىش لايىھەسىنى تۈزدى. 5 - ئايدا، شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ پاختا توشۇش مىقدارى 634 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 312.83% ئاشتى.

### توشۇشنى تەشكىللەشنى ئەلالاشتۇرۇش

يۈك بولغان ئىكەن، يەنە توشۇيدىغان پويىز بولۇشى كېرەك، شىنجاڭ تۆمۈر يول تارماقلىرى توشۇشنى تەشكىللەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، پويىزلارنىڭ ئايلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۈركۈم - تۈركۈم يۈكنى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىغا ھەم خەلقئارا بازارغا توشۇدى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ھاۋا ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى، جۇڭگو تۆمۈر يولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش - قوماندانلىق زالىدا، خىزمەتچى خادىملار پويىزنىڭ ۋوگزالغا كىرىش - چىقىشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى، خادىملارنى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى... «قىزىقلىق دەرىجىسى» زال سىرتىدىكىدىن قېلىشمايتتى.

«27118 - قېتىملىق يۈك پويىزى 2 - مەيدان 6 - يولدا توختىسۇن.» ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىنىڭ نۆۋەتچى خادىمى ما چېڭ سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى ئېلىپ بۇيرۇق بېرىپ، پويىزنىڭ ۋوگزالغا كىرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

مەشغۇلات نەق مەيدانىغا خىزمەتچى خادىملار مۇددەتتىن بۇرۇن كېلىپ بولغانىدى، يۈك پويىزلىرى مۇقىم توختىغاندىن كېيىن، بەزىلىرى پاراۋۇزنى ئالماشتۇرۇۋاتاتتى، بەزىلىرى پويىزنى تەكشۈرۈۋاتاتتى بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە ئىدى.

80 مىنۇتتىن كېيىن، پويىز قېتىمى ئالماشتۇرۇلغان ئەسلىدىكى 27118 - قېتىملىق يۈك پويىزى يولغا چىقىش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، قومۇلغا قاراپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋاقىتقا قاراپ، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى يۈرۈشتۈرۈش سېخىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى لىيۇ گوخۇڭ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ: «80 مىنۇت، بىز بۇلتۇرقى ئاساستا يۈك پويىزلىرىنى ئوتتۇرا يولدا ئالماشتۇرۇش ۋاقتىنى ئون مىنۇتقا يېقىن قىسقارتتۇق».

ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى شىنجاڭ تۆمۈر يولىدىكى ئەڭ چوڭ گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى، ھەر كۈنى پۈتۈن شىنجاڭ تۆمۈر يولىدىكى يۈك توشۇيدىغان پويىزنىڭ 80%ى بۇ يەردىن ئۆتىدۇ، ئوتتۇرا يولدا ئالمىشىدۇ ياكى گۇرۇپپىلاپ توشۇيدۇ. بۇ يىل بۇ ۋوگزال توشۇشنى تەشكىللەش ئۈنۈمىنى سىجىل ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، پويىزلارنىڭ ئايلىنىش نىسبىتىنى 30% ئەتراپىدا ئۆستۈردى.

شىنجاڭ تۆمۈر يولى يەنە پورت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ «كۆپ توشۇش، تېز يۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

«پورت ترانسپورتىنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز تاموژنا، چېگرا تەكشۈرۈش، ۋاكالەتچى كارخانىلار بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتچى پويىزلارنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ‹يۇقىرى سۈرئەتلىك يول›نى بىرلىكتە بەرپا قىلدۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈر يولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالىنىڭ مۇئاۋىن ۋوگزال باشلىقى لىيۇ جۈنمىن.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، ئالاتاۋ پورتىدا چېگرادىن كىرگەن، چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 1669 قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 39.43% ئاشتى؛ قورغاس پورتىدا چېگرادىن كىرگەن، چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 1401 قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.31% ئاشتى.

## ساياھەت قونالغۇ مەخسۇس مەيدان توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلدى: مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئىختىساسلىقلىرى ئالماشتۇرۇش سۇپىسى قۇرۇپ، ساياھەتكە ئالاقىدار كەسىپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ بالدۇرراق ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، «10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتى» شىنجاڭ شۆبە يىغىن مەيدانى ساياھەت قونالغۇ مەخسۇس مەيدان توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى تەكلىپ قىلىش يىغىنىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى ئۆتكۈزگەن، جەمئىي 200 نەچچە كارخانا، كەسپىي ئورۇن يىغىنغا قاتناشقان بولۇپ، 570تىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، تەكلىپ قىلىدىغان ئادەم سانى 1500دىن ئاشتى. تەكلىپ قىلىدىغان ئورۇنلار ئاساسلىقى ساياھەت مەنزىرە رايونى، ساياھەت تىجارىتى، قونالغۇ، يېمەك - ئىچمەك، خاس مەھسۇلاتلارنى سېتىش قاتارلىق ساياھەت مۇلازىمىتى، ساياھەت - مەدەنىيەت كارخانىلىرىغا چېتىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنىدىغان ئىش ئورۇنلىرىدىن ئاساسلىقى مەھسۇلاتلارنى پىلانلاش - تەڭشەش، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، ساياھەت كاسسىرى، ساياھەت مەسلىھەتچىسى، خېرىدارلار دىرېكتورى، توردا كېڭەيتىش باشقۇرغۇچىسى، ياتاق مۇلازىمەتچىسى، مېھمان كۈتكۈچى، ئىچكى لاۋازىم، سېتىش خادىمى قاتارلىقلار بار.

«بىز مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرى، ساياھەت شىركەتلىرى ھەم ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرىنى كەڭ قېزىپ، توپلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ساياھەتكە ئالاقىدار كەسىپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەرنى دەل جايىدا تونۇشتۇرۇپ ھەم كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتىنى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 100 كۈن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ 10 مىليوندىن ئارتۇق ئىش ئورنى ئۇچۇرىنى مەركەزلىك يوللاپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 11 مىڭدىن ئارتۇق ئورۇن توردا تەكلىپ قىلىش مەخسۇس ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن، 97 مىڭ ئادەم قېتىم خىزمەت ئىزدىگەن.

ھەرقايسى تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇنلار ھەم خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تورى (www.xjrc365.com)غا چىقىپ ياكى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى (شىنجاڭ 365 ئىختىساسلىقلار تورى)غا كىرىپ تىزىملىتىپ، تەكلىپ قىلىش ياكى خىزمەت ئىزدەشكە قاتناشسا بولىدۇ.

## دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچى مىقدارى 26.88% ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

پىيادە مېڭىش تەنھەرىكىتى، تاش رەسىم ئويۇش، DIY ناشتىلىقى، يۇلتۇزلۇق دالىدا قونۇش... نارات مەنزىرە رايونى يولغا قويغان بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر ساياھەتچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. زوڭزا يېيىش، ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرۈش، ئەجدىھا قولۋاق ھەيدەش مۇسابىقىسى... جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەم ئېلىش مەزگىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان نومۇرلارغا ئايلاندى. كەچتە رەڭلىك چىراغلار ئەمدىلا يېقىلىشى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ساياھەتچى خوتەن كەچلىك بازىرىغا كېلىپ داكا قىلىپ، بۇ يەردە ئۆزگىچىلىككە ئىگە قېتىق زوڭزىسى، تاۋۇز كەپتەر شورپىسى، ئۆزگىچىلىككە ئىگە قوقاس تۇخۇم قاتارلىق مەززىلىك تائاملارنى تېتىدى، كەچلىك بازاردا بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان تولۇغان ئاۋازلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ خۇشال كۈلكە سادالىرى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، بىر مەيدان قالتىس ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى يېڭىسار ناھىيەسىدىكى شىمالىي كۆلدە باشلاندى. ئالتە ۋەكىللەر كوماندىسى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، بىر - بىرى بىلەن بەسلەشتى، ساياھەتچىلەر قىرغاقتا مۇسابىقىگە قاتناشقان كوماندىلارغا چۇقان سېلىپ مەدەت بەردى، مەيدان ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنىدى.

دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار 180 نەچچە تۈرلۈك مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتىنى يولغا قويدى، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان تۈرلۈك دۇەنۋۇلۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى، مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش ساياھىتى، يېزا - كەنت ساياھىتى قاتارلىقلارمۇ ساياھەتچىلەرنىڭ كەڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.